# مەككە ئازاد بولغان يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرگەندە بېشىدا دۇبۇلغا بار ئىدى، دۇبۇلغىنى ئالغاندا بىرسى كېلىپ: ئىبنى خەتەل كەبىنىڭ يوپۇقىغا ئېسىلىپ تۇرۇۋاپتۇ، دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى ئۆلتۈرۈۋىتىڭلار» دېدى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، «مەككە ئازاد بولغان يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرگەندە بېشىدا دۇبۇلغا بار ئىدى، دۇبۇلغىنى ئېلىۋەتكەندە بىرسى كېلىپ: ئىبنى خەتەل كەبىنىڭ يوپۇقىغا ئېسىلىپ تۇرۇۋاپتۇ، دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى ئۆلتۈرۈۋىتىڭلار» دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرەيش كاپىرلىرى ئارىسىدا سۈلھى بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توققۇز نەپەر مۇشرىكنى قېنى ھالال دەپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى، مەككە ئازاد قىلىنغاندا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەككىگە بېشىغا دۇبۇلغا كىيىپ ئىھتىيات ھالىتدە كىردى، ساھابىلارنىڭ بەزىسى ئىبنى خەتەل ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى يامان قىلمىشى ۋە ناچار ئىشلىرىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، كەبىنىڭ يوپۇقىغا ئېسىلىپ، كەبىنىڭ ھۆرمىتى بىلەن ئۆلۈمدىن ساقلىنىپ تۇرغان ھالەتتە تاپتى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن ئەيمىنىپ قالدى، سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى ئۆلتۈرۈۋىتىڭلار» دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەجەر بىلەن مەقامۇ ئىبراھىمنىڭ ئارىسىدا ئۆلتۈرۈلدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4440